# شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى

Aylık SİYASİ GAZETE

«دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ ئورگان گېزىتى

1997 - يىل 1 - ئاي
(ئومومىي 13 - سان)

مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان.


ئايلىق سىياسىي گېزىت


## تۇنجى نۆۋەتلىك «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» گېرمانىيىدە غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى

ئۆزمۇخبىرلىرىمىز ئۆمەرجان ئىمىن، ئۆتكۈر مۇھەممەتئىمىن خەۋىرى: پۈتۈن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىليونلىغان ئوت يۈرەك ياشلىرىمىز يىللاردىن بېرى تەققەززالىق بىلەن ئۈمىت قىلىشىۋاتقان تۇنجى نۆۋەتلىك «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى»، 1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە گېرمانىيىنىڭ مەشھۇر قەدىمىي شەھىرى - ميونخېندا غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى. بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق بىلەن تولۇپ تاشقان بۇقېتىمقى تارىخى ئەھمىيەتلىك ئىگە قۇرۇلتاينىڭ، دۇنيادا ئەڭ تەرەققى تاپقان بىر ياۋروپا ئۆلكىسىدە مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلىشى، شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئورتاق غايىسىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپلاقالماستىن، بەلكى، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ بىرلىك، ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ۋە خىتايغا قارشى جەڭگىۋار بىرلىكسەپ قۇرۇپ چىقىشىنى توسۇش ئۈچۈن نۆۋەتتە ۋەتەن ئىچى ۋەسىرتىدا جىددىي ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىي سۈيقەستىگە ئەجەللىك زەربە بەردى.

(داۋامى 2 - بەتتە)



## «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ باياناتى


«تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى» تەييارلىق كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى ۋە «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن، 1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە «تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى» غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

(داۋامى 6 - بەتتە)

## «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ قارارى

1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى» دا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى مۇھىم قارارلار ئېلىندى:

(داۋامى 5 - بەتتە)



## گېرمانىيىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىن تۇنجى نۆۋەتلىك «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى» غا قاتنىشىش ئۈچۈن گېرمانىيىگە توپلانغان ئۇيغۇرياشلىرى ۋەكىللىرى ۋە ھەرقايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرگە ميونخېن شەھىرىدىن ئاپتوۋۇزبىلەن نەچچە يۈز كىلومېتىر يول يۈرۈپ ئالاھىدە بون شەھىرىگە بېرىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئەلچىخانىسى ئالدىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە نامايىش ئۆتكۈزدى.

(داۋامى 7 - بەتتە)



# تۇنجى نۆۋەتلىك «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» گېرمانىيىدە غەلىبىلىك ئېچىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ياشلىرىمىزغا مەلۇمكى، 1995 - يىلى 10 - ئايدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى ۋەكىللىرى قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتا شەھرىگە جەم بولۇپ، تۇنجى نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى » يىغىنىنى چاقىرغانىدى. تۆت كۈن داۋام قىلغان بۇقېتىمقى پائالىيەت جەريانىدا ياشلىرىمىز، قېرىنداشلىق كەيپىياتى ئىچىدە ئۆزئارا سەممىي پىكىرلىشىش ۋە مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى ئورتاق ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە دەسلەپكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان ھەمدە، يېقىن كەلگۈسىدە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ياشلار ئورگىنىنى قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كېلىشكەنىدى. بۇقېتىمقى ئالمۇتا يىغىنىدا دېموكراتىك كېڭەشىش ۋە سايلام ئارقىلىق، « دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى » تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇتەييارلىق كومىتېتى نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكلەرنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، 2 - نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى » يىغىنىنى، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ باش شتابى جايلاشقان گېرمانىيىنىڭ ميونخېن شەھرىدە ئېچىشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇقارارىنى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ بارلىق ئەزالىرى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلار ميونخېن شەھرىدە مەخسۇس « يىغىنغا تەييارلىق قىلىش كومىتېتى » قۇرۇپ، يىغىننىڭ پۈتۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى جىددىي باشلىۋەتتى. 1996 - يىلى 11 - ئايغاقەدەر بۇتەييارلىق كومىتېتى يىغىننىڭ پۈتۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تاماملاپ بولدى. بۇيەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىغا قارىماي، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يىغىنغا كېرەكلىك بولغان بارلىق ئىقتىساتنى باشقا تەشكىلاتلارغا تايانمىغان ئاساستا مۇستەقىل ھالدا تەييارلاپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەن، مىللەت ئىشلىرىغا بولغان يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايەن قىلدى.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن گېرمانىيىنىڭ ميونخېن شەھرىدە بىرئارىغا كەلگەن ئۇيغۇرياشلىرى ۋەكىللىرى، نۆۋەتتىكى ۋەتەن ئىچى ۋەزىيىتى ۋەخەلقئارا ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلغان ئاساستا، نۆۋەتتە پۈتۈن ۋەتەن ئىچى ۋەسىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلارھەرىكىتىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلىدىغان بىريۇكسەك ياشلارئورگىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە ئوخشاش پىكىرگە كەلدى ھەمدە بۇنۆۋەتلىك «دۇنياﺋﯘيغۇرياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى» يىغىنىنى، تۇنجى نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا ئايلاندۇرۇشنى قارارقىلدى. مانا مۇشۇ ئاساستا، تۇنجى نۆۋەتلىك «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى» ، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن، 1996- يىلى 11- ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە گېرمانىيىنىڭ ميونخېن شەھرىدە پۈتۈن كۆزلىگەن مەقسەتلەرگە يېتىپ، مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلدى.

بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئامېرىكا، ئاۋۇستىرالىيە، گېرمانىيە، شىۋىتسارىيە، گوللاندىيە، ۋېنگىرىيە قاتارلىق ئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇرياشلىرىنىڭ ۋەكىللىرى رەسمىي ۋەكىل سۈپىتىدە، قىرغىزىستاندىكى « قىرغىزىستان ئۇيغۇرئىتتىپاقى »، تۈركىيىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى »، « شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى »، ئامېرىكىدىكى « شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق مەركىزى »، « ئاۋۇستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتى »، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، گوللاندىيىدىكى « تۈركىستان - ئەزەربەيجان تەتقىقات جەمئىيىتى »، گېرمانىيىدىكى خەلقئارا تەشكىلات « خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قۇتقۇزۇش تەشكىلاتى »، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى »، « ياۋروپا تۈرك فېدېراتسىيونى »، « تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمئىيىتى » قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە گېرمانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيىدىكى موھىم جامائەت ئەربابلىرى نازارەتچى ۋە كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى. بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتنىشالمىغان بەزى ئەللەردىكى ئۇيغۇرياشلىرى ۋەكىللىرى قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىغا مەكتۇپ يوللاپ، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى ھەمدە بۇنۆۋەتلىك قۇرۇلتاينى چاقىرىشقا تولۇق سالاھىيەت بەردى.


11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا، ميونخېن شەھرىنىڭ شتۆسسېر كوچىسىدىكى مىڭ كىشىلىك مۇراسىم زالىدا « دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى رەسمىي باشلاندى. سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن ھەشەمەتلىك يىغىن زالى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن ياشلارۋەكىللىرى، مېھمانلار ۋە گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلىرىمىزبىلەن تولدى.

يىغىندا ئالدى بىلەن يىغىن رىياسەتچىسى دولقۇن ئەيسا، قۇرۇلتاينىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكالىدى، ئارقىدىنلا، پۈتۈن يىغىن ئەھلى بىرمىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھۆرلىكى، ئازاتلىقى ھەمدە ئانا ۋەتىنىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلغان بارلىق شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرىگە ھۆرمەت ۋە ماتەم بىلدۈردى.



يىغىندا ئالدى بىلەن قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەرقانات تەييارلىق كومىتېتى نامىدىن ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۆمەرقانات ئۆز سۆزىدە، يىغىن تەييارلىق كومىتېتى نامىدىن، شۇنداقلا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى نامىدىن، بۇقېتىمقى ياشلارقۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى يېقىندىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن ھەرقايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا، پېشقەدەم مۇجاھىتلىرىمىزغا، مىللىي كۈرەشچىلىرىمىزگە ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرياشلىرىمىزغا، شۇنداقلا، بۇقېتىمقى يىغىننىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلىشىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يېقىندىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۆمەرقانات سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بۇقېتىمقى يىغىننىڭ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ ئىدىيىسىگە ۋە ئىدىلوگىيىسىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئەھمىيەتلىك بىريىغىنغا ئايلىنىشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن، يىغىننىڭ ساھىپخانى نامىدا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجان سۆز قىلىپ، بۇقېتىمقى يىغىننىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.




قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، تۈركىيە « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ رەئىسى گېنېرال مۇھەممەت رىزابېكىن، ئامېرىكا « شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق مەركىزى » نىڭ قۇرغۇچىسى ھۈسەيىن قارى ئىسلامى، تۇنجى نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» نىڭ رەئىسى، ئاۋىستىرالىيە « تۈركىستان جەمئىيىتى » نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى، قىرغىزىستان « جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەت كەنجى، قازاقىستان ئۇيغۇرزىيالىيلىرىنىڭ ۋەكىلى تامارا ئالىباقىيېۋا، تۈركىيە « شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، « شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى » ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئابلىكىم باقى ئىلتەبىرقاتارلىقلار ئارقا- ئارقىدىن سۆزگە چىقىپ، شەرقىي تۈركىستان ياشلارھەرىكىتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە يۇقىرى باھا بېرىشتى ھەمدە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ بىرمەركەز ۋە بىربايراق ئاستىغا توپلىنىپ ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئەھمىيىتى ھەمدە زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ بۇقېتىم چاقىرىلغان ياشلارقۇرۇلتىيىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقلىرىنى ھەمدە پۈتۈن ياشلارھەرىكىتىگە مۇۋاپىقىيەتلەرتىلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ئارقىدىنلا، گېرمانىيىدىكى « تىبەتنى ھىمايەقىلىش گۇرۇپپىسى » نىڭ ۋەكىلى، « خەتەرئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ ۋەكىلى، « كەچۈرۈم تەشكىلاتى » نىڭ ۋەكىلى، « ياۋروپا تۈرك فېدېراتسىيونى » نىڭ ۋەكىلى، گېرمانىيىدىكى

(داۋامى 3 - بەتتە)

(بېشى 4 - بەتتە)

ئاۋۇستىرالىيە «تۈركىستان جەمئىيىتى» نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى سەھنىگە چىقىپ، سايلىنىپ چىققان ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئۇلارغا ۋەتەن، مىللەت ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلىدى. ئارقىدىن، قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا قۇرۇلتايغا ۋاكالىتەن، قۇرۇلتاينىڭ قارارىنى ۋە باياناتىنى ئېلان قىلدى. قۇرۇلتاي رەئىسى ئۆمەرقانات يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى، رەئىس ئۆمەرقانات ئۆز سۆزىدە، پۈتۈن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى، «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى» ئەتراپىغا مۇستەھكەم ئۇيۇشۇپ، قۇرۇلتايدا ئېلىنغان قارارلارنى ۋە قۇرۇلتاينىڭ پىرىنسىپلىرىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان ئاساستا مىللىي كۈرەشكە ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا جىددىي ئاتلىنىشقا چاقىردى.

بۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ياۋروپا پارلامېنتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خىتاي، گېرمانىيە، ئامېرىكا، گوللاندىيە، شۋىتسارىيە، ئاۋۇستىرالىيە، فىرانسىيە، روسىيە، ياپونىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان، مىسىر، ئەزەربەيجان قاتارلىق تەشكىلات ۋە دۆلەتلەرگە، شەرقىي تۈركىستاندىكى كوممۇنىست خىتاينىڭ زۇلمى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېغىر دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى مەزمۇن قىلىنغان مەخسۇس مەكتۇپ يوللاش ھەققىدە قارار ئېلىندى.

# «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ قارارى

(بېشى 1 - بەتتە)

1 - «دۇنيا ئۇيغۇرا ياشلىرى قۇرۇلتىيى» ئالدى بىلەن، 1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك «شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللىي قۇرۇلتىيى» نىڭ قارارلىرىنى قوللايدۇ، ھەمدە بۇ قارارلارنى تۆۋەندە قايتا ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ ھىساپلايدۇ:

(1) ۋەتىنىمىزنىڭ نامى — شەرقىي تۈركىستاندۇر؛

(2) شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت گېربى ۋە مىللىي بايرىقى، 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان دۆلەت گېربى ۋە ئاي - يۇلتۇزلۇق كوك بايراقتۇر؛

(3) شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقى — ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ خەلقلەر ۋە ئۆتمۈشتە ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن پىداكارانە ھالدا كۆرەش قىلغان، راھەتتە، جاپادا باراۋەر ياشىغان يەرلىك خەلقلەردىن تەشكىل تاپىدۇ؛

(4) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى، كوممۇنىستىك تۈزۈم ۋە «شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى» دىگەن ئىددىئالىرى مۇتلەق رەت قىلىنىدۇ؛

(5) شەرقىي تۈركىستان خەلقى پەقەتلا تولۇق مۇستەقىللىققە ئېرىشىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئەركىنلىك ۋە بەختكە ئېرىشەلەيدۇ؛

(6) شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تىل، دىن، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق مىللىي مىراسلىرىمىزنى قەدىرلەش ئارقىلىق، خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ۋە يوق قىلىش سىياسىتىگە قارشى كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرىدۇ؛

(7) شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن خىتاي خەلقى ئۇزۇن مۇددەتتىن بېرى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ ئۆتكەن، خىتاي خەلقى ھەم تارىخنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلىرىدە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئاچچىق زۇلمىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى بۇ ھەقىقەتلەرنى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىغە خاتىرلىتىش ئارقىلىق، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان چىدىغۇسىز زۇلۇم - ئىسكەنجە سىياسىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا چاقىرىدۇ؛

(8) شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغان ۋە ھېسداشلىق قىلغان خىتاينىڭ كوممۇنىستىك رېجىمىگە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي دېموكراتىك ھەرىكەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ؛

(9) شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە ئوخشاش خىتاينىڭ بېسىم ۋە زۇلمى ئاستىدا بولغان تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ ئازاتلىق خەرىكەتلىرىنى قوللايدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىدۇ؛

(10) شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سۆزدە ئاپتونومىيە ۋەدىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان «پارچىلاپ باشقۇرۇش» سىياسىتىگە ئۆزۈل - كېسىل قارشى تۇرىدۇ ۋە بۇنى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقوقنى قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق دەپ قارايدۇ؛

(11) شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، كىشىلىك ھوقوققا ھۆرمەت قىلغان تەشكىلاتلار ۋە ئىسلام تەشكىلاتلىرىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقوقنى كۆزگە ئىلماسلىقتەك سىياسىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى ئۈچۈن ھەرتۈرلۈك بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەققانى كۆرەشلىرىنى قوللاشنى تەلەپ قىلىدۇ؛

2 . ياشلار قۇرۇلتىيى — ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى تولۇق ھوقوقلۇق ئەڭ يۇكسەك ئورگىنى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن تەشكىلاتلىرىمىز ئېتىراپ قىلغان رەسمى بىر «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» ۋۇجۇتقا چىققانغا قەدەر ۋاقىتلىق باشقا تەشكىلاتلىرىمىز بىلەن ھەمكارلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» بارلىققا كەلگەن ھامان ئۆزلىگىدىن مىللىي قۇرۇلتاي تەركىۋىدىكى «ياشلار قۇرۇلتىيى» (ياشلار كومىتېتى) قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

3 . ياشلار قۇرۇلتىيى — ۋەتەن ئىچىدە مىللىتىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە ئىنسانچە ياشاش ھوقوقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرقانداق چوڭ - كىچىك تەشكىلات، پارتىيە ۋە گورۇھلارنى تولۇق ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق مۇناسىۋەت قۇرۇشقا تىرىشىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن خەلقئارا سورۇنلاردىكى ۋەكىلى ۋە باياناتچىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

4 . ياشلار قۇرۇلتىيى — شەرقىي تۈركىستان بىلەن تەغدىرداش بولغان تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانى كۆرىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش ئاساسىداز ئۇلارنىڭ ياشلار تەشكىلاتلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا تىرىشىدۇ.

5 . ياشلار قۇرۇلتىيى — شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي تەتقىقات مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىپ، تۈرلۈك خەلقئارالىق كونفىرانسلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئىلمىي مۇزاكىرە ۋە خاتىرلەش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈش، تېنچلىق ئۇسۇلى بىلەن نامايىش قىلىش، گېزىت، ژورنال ۋە خەۋەرنامىلارنى نەشىر قىلىپ تارقىتىش قاتارلىق ھەرخىل ئۇسۇل ۋە شەكىللەرنى قوللىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغاشقا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇتۇشقا تىرىشىدۇ.

6 . ياشلار قۇرۇلتىيى — ۋەتەن سىرتىدا مۇستەملىكچى خىتايغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نازارەتچىلىكى ۋە ھەمكارلىقى ئاستىدا بۇ تەشكىلاتلار قارمىقىدىكى ياشلار كومىتېتلىرىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

7 . ياشلار قۇرۇلتىيى — ، 1995 - 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى» يىغىنىنى بۇ نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق قۇرۇلتىيى، دەپ بىلىدۇ

8 . ياشلار قۇرۇلتىيى — تاكى شەرقىي تۈركىستان تولۇق مۇستەقىللىققە ئېرىشكەنگە قەدەر سىياسىي پائالىيەتلىرىنى مۇشۇ شەكىلدە قەتئى داۋاملاشتۇرىدۇ.

9 . ياشلار قۇرۇلتىيى — بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن «ياۋروپ شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» گە، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا، جامائەت ئەربابلىرىغا ۋە خەلقىمىزگە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى نامىدىن ئالاھىدە رەخمەت ئېيتىدۇ.

1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى.

گېرمانىيە — ميۇنخېن.

# «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» باياناتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئامېرىكا، ئاۋۇستىرالىيە، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، گوللاندىيە، ۋېنگىرىيە قاتارلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ۋەكىللىرى رەسمىي ۋەكىل سۈپىتىدە، قىرغىزىستاندىكى «قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقى»، تۈركىيەدىكى «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى»، «شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى»، ئامېرىكىدىكى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق مەركىزى»، «ئاۋۇستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتى»، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، گوللاندىيەدىكى «تۈركىستان ـ ئەزەربەيجان تەتقىقات جەمئىيىتى»، گېرمانىيەدىكى «خەلقئارا جەمئىيەت «خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قۇتقۇزۇش تەشكىلاتى»، «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»، «ياۋروپا تۈرك فېدېراتسىيونى»، «تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمئىيىتى» قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە گېرمانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيەدىكى مۇھىم جامائەت ئەربابلىرى نازارەتچى ۋە كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى. قازاقىستاندىكى «جۇمھۇرىيەتلىك بىرلەشمە ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى»، «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى مىللىي بىرلىك سېپى»، «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى»، تۈركىيەدىكى «شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى»، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى تۈركىستانلىق ياشلار جامائىتى قاتارلىق تەشكىلاتلار، گېرمانىيەدىكى ئاۋۇستىرالىيە ئەلچىخانىسى ۋە تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، قازاقىستان، ئامېرىكىدىكى جامائەت ئەربابلىرى (شەرقىي تۈركىستانلىق) تەبرىك تېلېگراممىلىرى ۋە خەت ئەۋەتىپ، قۇرۇلتاينى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان ياشلار ۋەكىللىرى دوستلۇق ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆزئارا كېڭەشىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ نۆۋەتتىكى كۈرەش نىشانىنى ۋە ئورتاق ستراتېگىيىسىنى بېكىتتى ھەمدە ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ پرىنسىپلىرى، تۈپ مەقسىدى، ۋەزىپىلىرى ۋە غايىلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويدى:

ياشلار قۇرۇلتىيى ئالدى بىلەن 1992 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈنجى نۆۋەتلىك «دۇنيا ئۇيغۇر خەلقئارا مىللىي قۇرۇلتىيى» نىڭ بارلىق قائىدە ـ پرىنسىپلىرىنى ۋە قارارلىرىنى قوللايدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى پۈتۈن تەشكىلاتلىرىمىز ئېتىراپ قىلغان رەسمىي بىر «شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللىي قۇرۇلتىيى» ۋۇجۇتقا چىققانغا قەدەر ۋاقىتلىق مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللىي قۇرۇلتىيى» بارلىققا كەلگەن ھامان، ئۆزلىگىدىن مىللىي قۇرۇلتاي تەركىبىدىكى ياشلار قۇرۇلتىيى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي داۋاسىنى يۈرگۈزۈشتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياننامىسىنىڭ روھىغا ۋە بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىدۇ، شۇنداقلا، ئۆزى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ (خىتايدىن باشقا) قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — دېموكراتىيە ۋە پارلامېنتلىق پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، ھەرقانداق مەقسەت ۋە شەكىلدىكى تېرورلۇق ۋە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ئۆزى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ پرىنسىپ ۋە قانۇنلىرىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانى ھەقلىرىنى قوغداش، ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ ھەمدە، شەرقىي تۈركىستاننى دېموكراتىك ۋە مۇستەقىل بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ياشلار تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە ياشلىرىنىڭ خەلقئارادىكى بىردىن ـ بىر تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىك ئورگىنى بولۇپ، ئۇ ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىغا سىياسىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، رەھبەرلىك قىلىش، خەلقئارادىكى ھەرقانداق سورۇندا پۈتۈن ئۇيغۇر ياشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىش ھوقۇقىغا ۋە سالاھىيىتىگە ئىگە.

ياشلار قۇرۇلتىيى — ۋەتەن سىرتىدا مۇستەملىكچى خىتايغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ نازارەتچىلىكى ۋە ھەمكارلىقى ئاستىدا بۇ تەشكىلاتلار قارمىقىدىكى ياشلار كومىتېتلىرى بىلەن سىياسىي پائالىيەتلىرىگە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن كېڭىشىپ، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي كۈرىشىنىڭ ئورتاق ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقىشىغا ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا يېقىندىن ماسلىشىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — دۇنيادىكى پۈتۈن خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىلەن ۋە بىزگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقان دۆلەت، رايون، پارتىيە، گۇرۇھ، جەمئىيەت ۋە خەلق گۇرۇپپىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ ۋە ھەمكارلىشىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە ئىنسانچە ياشاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ياكى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ۋە زاتلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياننامىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بارلىق قائىدە ـ پرىنسىپلارنى شەرقىي تۈركىستاندا رىياللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى، تارىخى مىراسلىرىمىزنىڭ ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىمىزنىڭ قوغدىلىشى، شۇنداقلا ئۆز ئۆزىگە خوجا بولغان ئاساستا مۇستەقىل ياشاش ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە جىددىي يولغا قويۇۋاتقا تالان ـ تاراج قىلىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسەتلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باشچىلىقىدىكى پۈتۈن خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى، شۇنداقلا، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ چەتئەلدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ۋە باياناتچىسى سۈپىتى بىلەن، ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەربىر ئارزۇ، ئۈمىت، تەلەپ، ئىستەك ۋە نارازىلىقلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئۇنى مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېلىشقا تىرىشىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكە سىياستى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن ئىنسان ھەقلىرىگە زىت ۋەكىل خارەكتىرلىك پاجىئە، ۋەقەلەرگە قارىتا، تېنچلىق ئۇسۇلى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇشقا ۋە نارازىلىق بىلدۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — ۋەتەن ئىچىدە مىللىتىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە ئىنسانچە ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك تەشكىلات، پارتىيە ۋە گۇرۇھلارنى تولۇق ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق مۇناسىۋەت قۇرۇشقا تىرىشىدۇ، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، خەلقئارا سورۇنلاردىكى ۋەكىلى ۋە باياناتچىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — ھەرقايسى دۆۋلەتلەردە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى قوغداش ھەم تەرەققى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ۋەتەنگە ۋە مىللىي داۋاغا زور-ئور كېرەكلىك بولغان ئىقتىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ماتارىپ ئىمكانى يارىتىپ بېرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي تەتقىقات مەركەزلىرىنى ۋە ئورگانلىرىكى قۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — خەلقئارادىكى جىددىي سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى، شۇنداقلا، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇختىلىق مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ۋە رەتلەپ چىقىپ، ئۇنى ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — شەرقىي تۈركىستان بىلەن تەغدىرداش بولغان خىتايدىكى تىبەت، موڭغۇل، مانجۇ قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ياشلار تەشكىلاتلىرى بىلەن يېقىن ھەمكارلىق

(داۋامى 7 ـ بەتتە)

# گېرمانىيىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلە تارىخىدا پەۋقۇلاددە موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇقېتىمقى بىرلەشمە نامايىشقا، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئامېرىكا، ئاۋۇستىرالىيە، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، گوللاندىيە، ۋېنگىرىيە قاتارلىق 10 دۆلەتتىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى ۋەكىللىرى، تۈركىيىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى»، «شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى»، «ئاۋۇستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتى»، «ئامېرىكىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق مەركىزى»، «قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى: تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىرقىسىم موھىم جامائەت ئەرباپلىرى ۋە گېرمانىيىدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ بارلىق ئەزالىرى قاتناشتى.

شەرقىي تۈركىستانلىق نامايىشچىلار قوشۇنى ئالدى بىلەن بون شەھرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان تىياتىر مەيدانىغا توپلىنىپ، مەيدانغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرخىل شۇئارلار يېزىلغان لوزۇنكىلارنى تىكلەپ، ئەتراپىغا توپلانغان گېرمانىيىلىك ئاممىغا ۋە چەتئەل مۇخبىرلىرىغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زوراۋانلىق سىياسەتلىرىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملىرىنى تەپسىلى ئاڭلاتتى، مۇخبىرلارنىڭ خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى تۈرلۈك سوئاللىرىغا لايىغىدا جاۋاپ بەردى. نامايىشچىلىرىمىز يەرلىك خەلقنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن مەيداندا مىللىي تۇسكە ئىگە مەشرەپ ۋە ناخشا - ئۇسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ، نامايىشنى تېخىمۇ جانلاندۇردى. چۈشتىن كېيىن نامايىشچىلىرىمىز مەيداندىكى پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، رەتلىك سەپ تۈزۈپ، تەرتىپ ساقلىغۇچى گېرمانىيە ساقچىلىرىنىڭ ھەمرالىقىدا ئۇدۇل خىتاي ئەلچىخانىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. نامايىشچىلىرىمىزنىڭ قاتتىق سوغۇققا ۋە يامغۇرغا پەرۋا قىلماي، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلاندى، بەزى نامايىشچىلىرىمىز خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زىندانلىرىدا ئېزىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، پۇت - قوللىرىغا زەنجىر - كىشەنلەرنى باغلاپ، قاننى تەقلىت قىلىپ ئۈستى - بېشىنى قىزىل رەڭلەر بىلەن بوياپ، يالاڭغداق ھالدا نامايىش سېپىدىن يەرئالدى.

نامايىشچىلار خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە نېمىسچە تىللاردا خىتايغا قارشى تۈرلۈك شۇئارلارنى توۋلاپ، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىنى زىل - زىلىگە سېلىۋەتتى. بۇ قېتىمقى نامايىش تەخمىنەن 5 سائەت داۋام قىلدى.

ۋەتەن سىرتىدىكى مۇجادىلە تارىخىمىزدا ئىنتايىن ئاز كۆرۈلگەن بۇ قېتىمقى بىرلەشمە نامايىش، كۈندىن - كۈنگە ئەسەبىلىشىۋاتقان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى بىر ئەجەللىك بىر زەربە بولۇپلا قالماي، بەلكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ساداسىنى دۇنيا ئامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىشتىمۇ پەۋقۇلاددە موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

(بېشى 6 - بەتتە)

مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا تىرىشىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — نۆۋەتتە خەلقئارادا ئۈنۈملۈك پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» (ئۇنپو UNPO) ۋە «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى بىرلىكى تەشكىلاتى» نى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى — تۈرلۈك خەلقئارالىق كونفىرانسلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە خاتىرلەش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈش، تېنچلىق ئۇسۇلى بىلەن نامايىش قىلىش، گېزىت، ژورنال ۋە خەۋەرنامىلارنى نەشر قىلىپ تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇل ۋە شەكىللەرنى قوللىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغاشقا، شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇتۇشقا تىرىشىدۇ.

1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

گېرمانىيە — ميۇنخېن

# «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى فوندى» نىڭ مۇراجىئەتى

ئەسسالامۇئەلەيكۇم قەدىرلىك ۋەتەنداشلار!

«دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى فوندى» ئالدى بىلەن، فاشىست كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان دەھشەتلىك زۇلۇم كىشەنلىرىگە مەھرۇم ھالدىمۇ يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى موسۇلمانلىق ئېتىقادىنى سانسىزلىغان شېھىتلەرنى بېرىش بەدىلىگە ئىخلاس بىلەن قوغداپ كەلگەن ۋەتەن ئىچىدىكى باتۇر، كۈرەشچان خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغ رامازان ئېيىنى ھەسرەت بىلەن مۇبارەكلەيدۇ، شۇنداقلا، ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىنىڭ ھۆرلۈكى، ئازاتلىقى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ھەم ئۇلارنىڭ قايغۇلىرىغا ئورتاق بولۇپ كېلىۋاتقان ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىمۇ مۇبارەك رامازان ئېيى مۇناسىۋىتى بىلەن چىن يۈرىكىدىن قۇتلۇقلايدۇ، جانابى ئاللاھتىن مىللىتىمىزگە ھۆرلۈك ۋە بەخت - سائادەت تىلەيمىز، ئاللاھ مىللىتىمىزدىن رازى بولغاي، ئامىن!

بۇ ئۇلۇغ ئاي - ئۇلۇغ كۈنلەردە سىلەرگە شۇخۇشۇستا مۇراجات قىلماقچىمىزكى، سىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، يېقىندا گېرمانىيىدە چاقىرىلغان «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى» - ۋەتىنى ۋە مىللىتىنىڭ ئىستىقلالىنى كۆڭلىگە پۈككەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك ئورگىنى، قۇرۇلتاي تەركىبىدىكى فوندىمىز بولسا قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئورگىنىدۇر. ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ھالى ھەممىمىزگە ئايان، مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق بىرۋەزىيەتتە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەبەدى ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى غايە ۋە مەقسەت قىلغان «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى»، نۆۋەتتىكى ئىنتايىن زور ماددى قىيىنچىلىقلارغا قارىماي پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئومومىي يۈزلۈك ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئالدىدا تۇرماقتا. ئەپسۇسكى، نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتىدە سىياسىي داۋا بىلەن ئىقتىساتنىڭ نەقەدەر زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز ياخشى بىلىمىز، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇبارەك رامازان ئېيىدا پۈتۈن ۋەتەنداشلىرىمىزنى، جۈملىدىن پۈتۈن ياشلىرىمىزنى ئۇلۇغ مىللىي داۋايىمىزغا ماددى جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشقا سەپەرۋەرقىلىش زۆرۈرىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى فوندى»، پۈتۈن خەلقىمىزنى، جۈملىدىن ياشلىرىمىزنى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن جىددىي قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە چاقىرىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، مۇقەددەس داۋايىمىز ئۈچۈن ئاتاپ بېرىلگەن ھەربىر سىنت، ھەربىر تىيىن، زۇلۇم قايىنىمىدا جان تالىشىۋاتقان جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ تومۇرىغا ئاققان بىرتامچە قانلىق رولىنى ئوينىغۇسى. ئاللارىزاسى ئۈچۈن پۈتۈن مىللىتىمىزنى بۇ ساۋاپلىق ۋە ئەھمىيەتلىك ياردەم كامپانىيەسىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشنى تەقەززالىق بىلەن ئۈمىت قىلىمىز. شۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچىمىز كامىلكى، ئەزەلدىن ۋاپا بىلەن جاپانى، شەپقەت بىلەن خىيانەتنى ئېنىق پەرىق ئېتىپ كەلگەن مىللىتىمىز، ۋاختى - سائىتى كەلگىنىدە مىللىتىنى ياد ئېتىپ كەلگەن تەقۋادار ئىنسانلىرىمىزبىلەن راھەت - پاراغەت پاتقىقىغا پېتىپ مىللىتىنى ئۇنتۇتقان ئىنسانلىرىمىزنى چوقۇم ئېنىق ئايرىۋالىدۇ ۋە تېگىشلىك جاۋابىنى بېرىدۇ، خالاس!

«دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» غا ياردەم بېرىشنى خالىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، قۇرۇلتاي فوندىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىۋاستە ياكى تېلىفون بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى فوندى»

1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

(گېرمانىيە - ميۇنخېن)

فوندا رەئىسى: ئابلىكىم خوتەن (گېرمانىيە - ميۇنخېن) تېلفۇن: (004989 706639)

مۇئاۋىن رەئىسلەر: سەيپۇللا ھاجىم (تۈركىيە - ئىستامبۇل) تېلفۇن: (0090212 6322733)

سەيدۇللام (قازاقىستان - ئالمۇتا) تېلفۇن: (تۇرسۇن غارايىپ: 3272 528525)

سىراجىدىن ئەزىز (سەئۇدى ئەرەبىستان) تېلفۇن:

ئىزاھات: فوندىنىڭ قىرغىزىستاندىكى مۇئاۋىن رەئىسى تېخى بېكىتىلمىگىنى ئۈچۈن، ۋاقىتلىق نۇرمۇھەممەت كەنجى بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ. تېلفۇن: (007 3312 281344)

# «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» ئىجرائىيە كومىتېتى قارارى

قارار Nr: 1

ۋەتەن سىرتىدىكى ھەر قايسى ياشلار تەشكىلاتلىرىغا:

بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ياشلار كومىتېتلىرىغا:

ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە:

ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىگە:

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى، شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى خاتىرلەشكە تېگىشلىك ئەھمىيەتلىك كۈنلەر ۋە مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلار ( ياشلار كومىتېتلىرى ) نىڭ بىر تۇتاش خاتىرلىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى قارارلارنى ئالدى:

1 . 1990 - يىلى 5 - ئاپرىل كۈنى شەرقىي تۈركىستاندا پارتلىغان ؛ بارىن ئىنقىلابى ؛ نىڭ 7 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 1997 - يىلى 5 - ئاپرىل ياكى 6 - ئاپرىل كۈنى بىردەك ھالدا خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

2 . 1988 - يىلى 15 - ئىيۇن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تاشلاپ، مىللىي كەمسىتىشكە قارشى كەڭ كۆلەمدە نامايىش ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ 9 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 1997 - يىلى 14- ئىيۇن ياكى 15 - ئىيۇن كۈنى بىر تۇتاش خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

3 . خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 48 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن، 1997 - يىلى 1 - ئۆكتەبىردىن 5 - ئۆكتەبىرگىچە بولغان ئارىلىقتا خىتاي مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

4 . 1933 - يىلى 12 - نويابىردا قەشقەردە قۇرۇلغان ؛ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ؛ نىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ 64 يىللىقى، 1944 - يىلى 12 - نويابىردا غۇلجىدا قۇرۇلغان ؛ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ؛ نىڭ 53 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 1997 - يىلى 12 - نويابىر كۈنى بىر تۇتاش خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئوخشاش ۋاقىتتا، 1996 - يىلى 12 - نويابىردا گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە قۇرۇلغان ؛ دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ؛ نىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ 1 يىللىقى خاتىرلىنىدۇ.

( ئىزاھات: ئەگەر 12 - نويابىر خىزمەت كۈنى سەۋەبىدىن پائالىيەت ئۆتكۈزۈشكە مۇناپىق بولمىسا، 15 - نويابىر ياكى 16 - نويابىر كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلسىمۇ بولىدۇ )

5 . 1985 - يىلى 12 - دېكابىر كۈنى پارتلىغان، شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىللىرىنىڭ دەرس تاشلاپ، تۆنجى قېتىم كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىش ھەركىتىنىڭ 12 يىللىقى ۋە 1992 - يىلى 12 - 14 - دېكابىر كۈنلىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ؛ شەرقىي تۈركىستان خەلقارا مىللىي قۇرۇلتىيى ؛ نىڭ 5 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 1997 - يىلى 12 - دېكابىر ياكى 13 - 14 - دېكابىر كۈنلىرى خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئىلاۋە: قارارنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان ھەرقايسى تەشكىلاتلار ۋە بارلىق ۋەكىللەر ياشلار قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ يۇقۇرقى قارارلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى جىددىي باشلىشى كېرەك.

پائالىيەتلەرنىڭ قايسى شەكىلدە ئۆتكۈزۈلۈش ھەققىدە ئىجرائىيە كومىتېتى ئايرىم ئۇختۇرۇش قىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن:

؛دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى؛ .

رەئىسى: ئۆمەر قانات .

؛دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى؛ ئىجرائىيە كومىتېتى . رەئىسى: دولقۇن ئەيسا

1997 - يىلى1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ ئۇختۇرۇشى

ئۇختۇرۇش Nr. 1

ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلار ۋە بەزى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان جامائىتى دىققىتىگە:

تۇنجى نۆۋەتلىك ؛دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى؛ - بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئومۇمىي ۋەكىل سانىنى 69 كىشى دەپ بەلگىلىدى. ياشلار قۇرۇلتىيى ئومۇمىي يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى ھەرقايسى مەۋجۇت تەشكىلاتلار ۋە بەزى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق جامائەتلەرگە نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلدى.

ياشلار قۇرۇلتىيى ھەرقايسى تەشكىلاتلاردىن، جامائەتچىلىكتىن دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ رەسمىي ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىپ، ۋەكىللەرنىڭ تىزىملىكىنى ( قىسقىچە تەرجىمھالى بىلەن ) 1997 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن بۇرۇن ياشلار قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىغا يوللاپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئىزاھات:

1 - ياشلار قۇرۇلتىيى نىزامنامىسىنىڭ ؛ ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ؛ بابى، 24 - ماددا، 6 - بۆلۈمىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ياش چەكلىمىسى 16 — 40 ياش ئارىسىدا بولۇشى لازىم.

2 - قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى سانىنىڭ ھەر قايسى تەشكىلات ۋە جامائەتچىلىككە تەقسىم قىلىنىش جەدۋىلى گېزىتىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدا بېرىلدى.

ھۆرمەت بىلەن: دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى رەئىسى: ئۆمەر قانات

ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى: دولقۇن ئەيسا

1997 - يىلى1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

## ۋەتەنداشلار دىققىتىگە:

؛دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى؛ رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن، ئەسلىدىكى ؛ شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى؛ نىڭ ئورگان گېزىتى - ؛شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى؛ گېزىتى، ؛دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى؛ نىڭ ئورگان گېزىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى ھەمدە گېزىتنىڭ ئورنى ئەسلىدىكى تۈركىيەنىڭ ئىستامبۇل شەھرىدىن، ؛دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى؛ نىڭ مەركىزى ئورگىنى جايلاشقان گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىگە يۆتكەلدى. قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن ئايدا بىرسان نەشرقىلىنىدىغان بۇ سىياسىي گېزىتتە، ؛دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى؛ نىڭ پائالىيەت ئەھۋالى، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ۋەتەن ئىچى ۋەزىيىتى، شۇنداقلا، مىللىي كۈرەشكە ۋە تۈرلۈك ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەر- ماقالىلار يەر ئالىدۇ. گېزىتىمىز ھېچقانداق تەشكىلات ياكى شەخسكە بېقىنمايدىغان تەرەپسىز گېزىت بولۇپ، ئومۇمەن پۈتۈن ۋەتەن - مىللەت داۋاسى ئۈچۈن مادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. ؛دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى؛ رەھبەرلىك ئورگىنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ بىردىن - بىر تەشۋىقات قورالىنى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە چاقىرىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن:

؛دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى؛ مەركىزى ئورگىنى

1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

( گېرمانىيە - ميۇنخېن )

گېزىت ئىدارە ھەيئىتىدىكىلەر :

گېزىت ساھىبى: ئۆمەر قانات

گېزىت مەسئۇلى: دولقۇن ئەيسا

باش مۇھەررىر : پەرھات يورۇڭقاش

خەۋەر مۇدىرى: ئابدۇلجېلىل قاراقاش

مۇھەررىرلەر :
ئىليار ئۆمەر ، ئۆمەرجان ئىمىن
باش مونتاژ: ئۆمەرجان شاھيارى
كومپيۇتېرغا ئالغۇچى: ئۆتكۈر مۇھەممەتئىمىن

گېزىتىمىزنىڭ ئادرېسى:
ÖMER KANAT
ENGLSCHALKINGER . STR 222.
81927 MÜNCHEN
GERMANY

تېلېفون - فاكس: 049 89 9306685
0049893154909
004989616073

گېزىتنىڭ تۈركىيىدىكى ۋاكالەتچىسى: ئابدۇلجېلىل تۇرا

تېلېفون: 00902125584092